# 26983 ـ ئاياللار ئۇچۇن ھىيت نامىزى ئوقۇش سۈننەتتۇر

## سۇئال

ئايالغىمۇ ھىيت نامىزى ئوقۇش پەرزمۇ؟ ئەگەر پەرز بولسا ئۆيدە ئوقۇمدۇ ياكى ھىيت نامىزى ئوقۇيدىغان جايغا چىقىپ ئوقۇمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئايالالار ئۈچۈن ھىيت نامىزى ئوقۇش پەرز ئەمەس بەلكى ئۇلار ئۈچۈن سۈننەتتۇر، ئايالالارمۇ ھىيت نامىزىنى ناماز ئوقۇيدىغان جايدا مۇسۇلمان جامائەتلەر بىلەن بىرگە ئوقۇيدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان.

ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنى يەنى ئايالالارنى قىزلارنى ھەتتا ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايالالارنىمۇ ھىيت نامىزىغا چىقىشقا بۇيرىغان. ئەمما ئۇلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جايدىن يىراقراق تۇرۇشقا بۇيرىغان. [بۇخارى رىۋايىتى931– ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 890–ھەدىس].

يەنە بىر رىۋايەتتە: قىز ـ ئايالالار ھىيت نامىزىغا چىقىشقا بۇيرۇلدۇق دېگەن.

تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىزلار، چوكانلار، چوڭ ئايالالارنى ھەتتا ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايالالارنىمۇ ئىككى ھىيت نامىزىغا چىقىشقا بۇيرىيتتى. ئەمما ھەيزدارلار ناماز ئوقۇيدىغان جايدىن يىراق بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئالىرىغا قاتنىشاتتى، ئايالالاردىن بىرى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بەزىلىرىمىزنىڭ يۆركەنچىمىز يوق دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ھەمشىلىرىنىڭ يۆركەنچىسىنى ئارىيەت ئالسۇن دېگەن. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

نەسائىنىڭ رىۋايىتىدە: ھەپسە بىنتى سىيرىين مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس سۆزلىسە، ئاتام پىدا بولسۇن دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشلىتەتتى، ئۇنىڭدىن: سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق، مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغانمۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇ: ھەئە، ئاتام پىدا بولسۇن دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئايالالار، قىزلار ۋە ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايالالارنى ھىيت نامىزىغا چىقىشقا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىغا قاتنىشىشقا بۇيرىدى، ئادەت كۆرۈپ

قالغان ئاياللارنى ناماز ئوقۇيدىغان جايدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرىدى. [بۇخارى رىۋايىتى841-ھەدىس].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەلىللەرگە ئاساسەن، ئاياللارنىڭ ئىككى ھېيت نامىزىغا چىقىشىنىڭ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن سۈننەت ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تولۇق ئۇرۇنۇپ، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتمەستىن چىقىشى شەرت قىلىنىدۇ.

ئاق-قارىنى ئايرىدىغان بالىلارنىڭ ھېيت نامىزى ، جۈمە نامىزى ۋە باشقا نامازلارغا چىقىشى شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ياخشى ئىشلاردىن بولۇپ، بۇ توغرىدا نۇرغۇن دەلىللەر بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا ياخشى ئىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.